ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

1993 يىل
3 - ئىيۇل
شەنبە
№26
(3680)
ئەركىن باھا

گېزىت 1970 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.
جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى
ھەپتىلىك گېزىت

## بۈگۈنكى سان سەھىپىلىرىدە:


2 - بەت:
ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلەيدۇ.
تىجارەتچىلىكتە ھالاللىق مۇھىم.
3 - بەت:
ئۆلگۈرجى سودا.
بۇخگالتېرىيە ھېساۋىدا يېڭى ئوبيېكتلار.
4 - بەت:
قەيەردىن يامراپ كەتكەن؟
خىتاي مافىيەسى.
5 - بەت:
ئىسلامنى تاللىغان ئايال.
دوستجانباي مەسچىتى.
6 - بەت:
ئىستىبداتلىق ئۆلۈما ۋە ئەدىپ.
7 - بەت:
ژۈرەك (لىرىك داستان)
8 - بەت:
قاش قويۇمەن دەپ...
9 - بەت:
ژىگىرمە يەتتە باھارنى كۆرگەندە....
«ئۆگمىشتىن ئېرىنمەس...»
10 - بەت:
كۆچار سەنئىمى.
«ئىلى دەرياسىنى» ۋاراقلىغاندا.
11 - بەت:
بىشكېكتىكى تەنتەنە.
12 - بەت:
ئەدىپ بىلەن ئۇچرىشىش.


### ئىشنى كېيىنگە قالدۇردى

جۇمھۇرىيەت كونستىتۇتسىيەلىك سوتى گېننادىي لۇپارېۋ، ژۇماش ئىسماغامبېتوۋ، ئولگا زىريانوۋا، باينا ئىسقۇژىنوۋا، ساپار مۇسىن ۋە ۋلادىمىر ئوسپوۋنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بويىچە پرېزىدېنتنىڭ «قازاقستان مېنېدژمېنت، ئىختىسات ۋە تەخمىنلەش ئىنستىتۇتىنى قۇرۇش توغرىلىق» توختامىنىڭ كونستىتۇتسىيەگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش بويىچە سوت ئىشىنى باشلىدى.

28 - ئىيۇندا ئىشنى قاراپ چىقىش باشلاندى. سوت ھەر ئىككى تەرەپنى تىڭشاپ چىقىپ، ئەرزىگە بەرگۈچىلەرنىڭ قوشۇمچە ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى توغرىلىق خاھىشىنى قانائەتلەندۈردى ۋە ئىشنى قاراشنى كېيىنگە قالدۇردى.

(قاز تاگ).





ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس شەھەرلىرىدىن بولمىش مەككىيۇ مۇكەررەمە ۋە مەدىنەيۇ مۇنەۋۋەرەگە قەدەم تەشرىپ قىلماق، ھەر بىر پاك ھەم دىيانەتلىك مۇسۇلماننىڭ ئەڭ ئىزگۇ نىيىتى ۋە ئارزۇسىدۇر. ھەج سەپىرىيۇ دىن ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تەلەپ جۈملىسىدىن.

ھازىرقى ئاشكارىلىق ۋە دېموكراتىيە تەنتەنىلىرى، خۇسۇسەن قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىل دۆلەت تۈزۈمى ھەم ئۇنىڭ ئىنسانىي قانۇنلىرى شارائىتىدىن قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدىن مىڭدىن ئوشۇق مۇسۇلمان ھەج سەپىرى بىلەن بېرىپ قايتتى. جۈملىدىن پەقەت ئالمۇتا شەھىرى گورنىيگىگانت مەھەللىسىنىڭ ئوزىدىن ژىگىرمىدىن ئوشۇق كىشى بۇ بەختكە مۇيەسسەر بولدى.

سىلەر كۆرۈپ تۇرغان سۈرەتلەردىكى بۇ كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزىز ۋە خاسىيەتلىك جايىغا بېرىپ، ھاجى بولۇپ كەلگەنلەردۇر.

ر. يۈسۈپوۋنىڭ سۈرەتلىرى.



## ئۇچۇر ئۇچقۇنلىرى

سەددام ھۇسەيىن ئىستىمالدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان 25 دىنارلىقنىڭ ئورنىغا كىرگۈزۈلگەن يېڭى پۇلغا ئۆزىنىڭ سىماسىنى ئەمەس، ئۈچ ئەرەپ تۇلپارنىڭ سۈرىتىنى سالدۇرغان.

* * *

تۈركىيەنىڭ توققۇزىنچى پرېزىدېنتى سۇلېيمان دېمىرېل ئۆز ۋاقتىدا «تۈرك موجىزىسىنى» شەكىللەندۈرگەن ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى «تومۇر قول» (ئۇنىڭ فامىلىيەسى مۇشۇنداق تەرجىمە قىلىنىدۇ) سۈپىتىدىمۇ مەلۇم.

* * *

ئېدۇئارد شېۋاردنادزې ئۆز قانداشى ستالىن توغرىلىق: «ستالىن پېنومېنى (كامدىن-كام ئۇچرايدىغان نادىرلىق. رېد) ھەققىدە تېخى يەنىمۇ كۆپ ئويلاش كېرەك. ھازىرقى ئەۋلات ئۇنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس»، - دېگەن پىكىرنى بىلدۈرگەن.

* * *

رېفېرېندۇم بىلەن جامائەتچىلىككە قويۇلغان سوئاللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، روسسىيە پرېزىدېنتى ب. يېلتسىن 58 پروتسېنت، ئاقش پرېزىدېنتى ب. كلىنتون 36 پروتسېنت، فرانسىيە پرېزىدېنتى ف. مىتېران 35 پروتسېنت، ياپونىيەنىڭ باش مىنىسترى ك. مىيادزاۋا 21،6 پروتسېنت ئاھالىنىڭ ھىمايىسىغا ئېگە بولۇشقان.

* * *

**ئافىنا.** روسسىيە پرېزىدېنتى بورىس يېلتسىننىڭ گرېتسىيەگە رەسمىي سەپىرى باشلاندى. ئۇنىڭ بېرىشىدا گرېتسىيە ۋە روسسىيە ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق توغرىلىق شەرتنامە، بىر قاتار مۇھىم ھۆججەتلەر ئىمزالىنىدۇ.

* * *

**نيۇ-يورك.** 3 - ئىيۇل كۈنى جائار پرېزىدېنتى فرېدېرىك دې كلېرك ۋە جەنۇبىي ئافرىكا مىللىي كونگرېسسىنىڭ يېتەكچىسى نېلسون ماندېلا فىلادېلفىيەگە كېلىدۇ. ئاقش پرېزىدېنتى بىلل كلىنتوننىڭ ئۇلارغا پرېزىدېنتنىڭ ئازادلىق مېدالىنى تاپشۇرۇشى كۆزلەنمەكتە.

* * *

**ۋاشىنگتون.** قوشما شتاتلار 4 - ئىيۇل كۈنى مىللىي بايرام - مۇستەقىللىق كۈنىنى نىشانلايدۇ.

* * *

**سېئۇل.** 4 - ئىيۇل كۈنى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترى كلائۇس كىنكېل كورېيە جۇمھۇرىيىتىدە سەپەردە بولىدۇ.

(ئى-تار - تاس).

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір


1993 ـ يىل 10 ـ ئىيۇل شەنبە №27 (3681)

ئەركىن باھا

گېزىت 1970 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقمۇاتىدۇ. جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىيا سىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى ھەپتىلىك گېزىت

## قازاقىستان خەلىق يازغۇچىسى

## زىيا سەمەدىي



ئۆز ۋۇجۇدىغا ئىزگۈلۈك ۋە دىيانەت، چىن ئىنسانىي پەزىلەت، ۋەتىنى- خەلقىگە چەكسىز مېھرى- مۇھەببەت ۋە ساداقەت خىسلەتلىرىنى سىڭدۈرگەن ئەللامە ئەدىپ- قازاقىستان خەلق يازغۇچىسى، دولەت ۋە جامائەت ئەربابى زىيا سەمەدىينىڭ مۇبارەك نامى پەقەتلا ئۆزىنىڭ جانجان خەلقى- ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى قېرىنداش تۈركىي خەلقلىرى، شۇنداقلا ئەرەپ ئىسلام ئەللىرى ھەم باشقا دولەتلەردە مەلۇم ۋە مەشھۇردۇر.

ئەل- تەغدىرى- ئەر تەغدىرى دەپ بىلگەن ئەدىپ، ئۆز بېشىدىن قانچىدىن- قانچە ئېغىر مۇشكۈلاتلارنى، ناھەق جەبرۇ- جاپا تەقىپلەرنى ئۆتكۈزمىدى دەيسىز. قىسمىتى دار تېگىدىن قايتقان يازغۇچى ھەممىگە چىداشلىق بەردى، رەقىپلىرىنىڭ تەنە ۋە ماللامەت تاشلىرىغا مەرتلەرچە كوكرەك كېرىپ، پولاتتەك ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. ھەرگىز مۇ ھال ئېيتىپ، دادۇ- پەرياد چەكمىدى.

ئەينى ئەسنالاردا ئۆز تەۋەللۇدىنىڭ سەكسەنىنچى باھارىنى قارشى ئېلىش ھارپىسىدا تۇرغان موتىۋەر ئەدىبىمىز «ئەخمەت ئەپەندى» ناملىق تارىخىي رومانىنى تاماملاپ، «ۋازۇشى» نەشرىياتىغا تاپشۇردى.

سىز، مۇھتەرەم گېزىتخانلار دىققىتىگە ئەشۇ رومانىدىن پارچە تەغدىم قىلىۋاتىمىز. ئۇنى گېزىتىمىزنىڭ 6-7 بەتلىرىدىن ئوقۇيسىلەر.

يەتتىسۇ- يەر جەننىتىلا ئەمەس، ئۇ شۇنداقلا ئۇرغۇلىغان تارىخىي ۋاقىەلەرگە ۋە تارىخىي شەخسلەرگە باي ئۆلكە. جۇمھۇرىيىتىمىز مۇستەقىللىك ئالغاندىن بۇيان ئىلگىرى ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئۇرغۇلىغان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسىملىرى قايتىدىن تىكلىنىپ، ئۇلارغا ئۆز دەرىجىسىدە ھۆرمەت- ئېھتىرام كورسىتىلىشكە باشلىدى. تالدىقورغان ۋىلايىتىدە بۇنىڭدىن ئىلگىرى جۇڭغار يارلاندى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى دۈشمەن كەلگىچە تار جىلغىدا خەندەك كولاپ بېكىنىدۇ. جەڭگىرخاننىڭ ئۆزى بىر قىسىم سارباز لىرى بىلەن تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە يوشۇرۇنىدۇ. خۇنتاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بولسا خەندەك كولاپ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئوتىدۇ. موشۇ چاغدا جەڭگىرخان ئۆز قىسمى بىلەن دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە جوڭغارلار چوڭ

# غالىبىيەت ھۆلىنى سالغان ئۇر بۇلاق

ھۆرىيەت بويىچە دەسلەپكى قېتىم قاراكېرېي قابانباي باتۇرنىڭ 300 يىللىقى نىشانلانغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن باقتىباي ژولبارس ئوغلىنىڭ، ئېسكېلدى بىينىڭ شانلىق تويلىرى كەڭ ۋە تەنتەنىلىك رەۋىشتە ئۆتكۈزۈلدى. تويلارنىڭ تەسىراتى ئوچمەيلا ۋىلايەتتە يەنە چوڭ ۋاقىە يۈز بەردى. بۇ قېتىم جۇمھۇرىيەت دائىرىسىدە ئوتكەن چوڭ توي ياركەنت تەۋەسىنى تەۋرەتتى.

مەلۇمكى، بۇنىڭدىن 350 يىل ئىلگىرى جوڭغارلار ھۇجۇمىغا قارشى مىللىي- ئازاتلىق كۈرەش جەريانىدا قازاق ئەسكەرلىرى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا ئەڭ ئېغىر جەڭلەرنىڭ بىرىدە غالىپ چىقتى. ئۇ ياركەنت تەۋەسىنىڭ بېلژايلاۋ يايلىقىنىڭ ئوربۇلاق دەپ ئاتىلىدىغان يېرىدە يۈز بەرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ تارىختا ئوربۇلاق جېڭى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان.

ئەسلى ياركەنت تەۋەسىنىڭ تارىخى شانلىق ۋە قەھرىمانە ۋاقىەلەرگە تولۇپ- تاشقان. بۇ دىيارنىڭ ھەر بىر تاغ- ئىدىرى، ھەر بىر ئاھالىلىق جايى موشۇنداق ۋاقىەلەرنىڭ گۇۋاچىسىدۇر. ئەينە شۇنداق شانلىق تارىخىي ۋاقىەلەرنىڭ بىرى- ژۇڭغۇرىدا قەيت قىلىنغان ئوربۇلاق جېڭى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى تەكىتلەپ ئوتۇش ئورۇنلۇقكى، 17- ئەسىرنىڭ بېشىدا كۈچىيىپ، بىر مەركەزگە بىرلەشكەن جوڭغار دولىتى قازاق ئېلىغىمۇ خەۋۇپ- خەتەر تۇغدۇردى. بۇ ئىككى ئەل ئارىسىدا چوڭ- كىچىك ئۇرۇشلار پات- پات يۈز بېرىپ تۇردى. 1643- يىلنىڭ باھارىدا 50 مىڭ ئەسكەر توپلىغان خۇنتاجى قازاق يېرىگە تەسادىپىي بېسىپ كىرىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى جەڭگىرخان كۈچ توپلاپ، يەنى 600 جەڭچى بىلەن خۇنتاجى ئەسكەرلىرىگە قارشى چىقىدۇ. جەڭگىرخان بۇ جەڭگە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلە ياخشى

مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، مىڭلىغان ئادىمىدىن ئايرىلىدۇ. جەڭنىڭ ئاخىرىدا ژىراقتىن- سەمەرقەنت ھاكىمى ئاتاقلىق جالانتۇس ئىگىرمە مىڭ ئەسكىرى بىلەن جەڭگىرخانغا ياردەمگە كېلىدۇ ۋە دۈشمەننى بۇ ۋادىدىن قوغلاپ، غالىبىيەت قازىنىدۇ.

ئوربۇلاق جېڭىنىڭ ئېلىمىز تارىخىدا ئەھمىيىتى بىباھا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ 350 يىللىقىنى مۇناسىپ نىشانلاش ئۈچۈن جۇمھۇرىيەت مىنىسترلار كابىنېتىنىڭ مەخسۇس توختام قوبۇل قىلغانلىقى گېزىتخانلار يادىدا بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا باغلىق تالدىقورغان ۋىلايىتىدە، پانفىلوۋ ناھىيەسىدە شانلىق سەنەنى مۇناسىپ ئوتكۈزۈشنىڭ كەڭ چارە- تەدبىرلىرى بەلگۈلەندى.

توي ئوتكۈزۈش بويىچە ۋىلايەتتە، ناھىيەدە تەشكىلىي كومىتېتلار قۇرۇلۇپ، ئۇلار كولەملىك ئىشلارنى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ناھىيە مەمۇرىيىتى، ناھىيەلىك كېڭەش، ئېگىلىكلەر، كارخانىلار، تەشكىلاتلار بىلەن مەھكىمىلەر يېقىندىن ياردەم كورسەتتى. پانفىلوۋ ناھىيەسىنىڭ ئەمگەكچىلىرى ئوربۇلاق جېڭىنىڭ 350 يىللىقىنى نىشانلاش فوندىغا يۈز مىللىون سومدىن ئوشۇق مەبلەغ بەردى. بۇنىڭ ئۆزى ياركەنت تەۋەسىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان خەلقلەر دوستلۇغىنىڭ يەنە بىر روشەن ئىپادىسى بولدى. چوڭ توينى ئوتكۈزۈشكە «قازاق تىلى» جەمىيىتىنىڭ ناھىيەلىك تەشكىلاتى، ئۇيغۇر، ئۇڭگان مەدەنىيەت مەركەزلىرى، «ئازات» گراژدانلىق ھەرىكىتى، ناھىيەلىك «ياركەنت تەۋەسى» ۋە ۋىلايەتلىك «جېرۇيىق» گېزىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىپ ئۈلۈشلىرىنى قوشتى. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز ئەمگىكى ئۆز نەتىجىسىنى بەردى. توي ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قايسىغىلا مۇراجەت قىلماڭ، ياركەنتلىكلەرنىڭ بۇ سەنەگە ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق

(ئاخىرى 2-بەتتە).

## بۈگۈنكى سان

## سەھىپىلىرىدە:

2 - بەت:
غالىبىيەت ھۆلىنى سالغان ئوربۇلاق.
3 - بەت:
ئىسلام مەركىزى ئېچىلىنىدۇ.
ئەسلەش.
4 - بەت:
ھاياتقا ھەممىنەپەس بايرام.
5 - بەت:
لەنەتكە ئۇچرىغان فىرئەۋەن.
6-7 - بەت:
ئەخمەت ئەپەندى
(رومانىدىن پارچە).
8 - بەت:
تارباغاتايلىق تارىخچى.
مەرىپەت ئىگىسى.
9 - بەت:
مۇقاملار ۋارىسچىسى.
10 - بەت:
ئايال قىسمىتى.
(لىرىك داستان).
11 - بەت:
ئانا يۇرت-ئالتۇن دىيار.
12 - بەت:
جىنائىي ئىشلار خەۋەرلىرى.
ژۇرنالىست بولغىڭىز كەلسە...

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روينىڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

1993
ژىل
17-ئىيۇل
شەنبە
№28
(3682)
ئەركىن باھا

گېزىت 1970 - ژىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.
جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى
ھەپتىلىك گېزىت


## ئۈچۈر ئۈچقۇنلىرى

**روسسىيە ھوكۇمىتى باشلىقى-نىڭ ئورۇنباسارى ئا. شوخىن مەر-كىزىي ئاسىيادىكى دولەتلەرنىڭ كېلەچەكتە قايسى تەرەپ بىلەن ئىختىسادىي ۋە باجخانىلىق ئىتتى-پاقتا بولۇشى كېرەكلىگىنى ئايدىڭ-لاشتۇرۇۋېلىشنى ئېيتقان.**

شوخىن روسسىيە بىلەن بېلا-رۇس ئوتتۇرىسىدا ئىختىسادىي ئىتتىپاق قۇرۇش توغرىلىق كې-لىشىم بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭغا ئۇك-رائىنا قېتىلغانلىقىنى خەۋەرلىگەن. «ئەندىلىكتە مەركىزىي ئاسىيا مەم-لىكەتلىرى يا بىزنى، ياكى شەرىق-تىكى خوشنىلىرىنى تاللىشى كې-رەك» دېدى ئۇ.

* * *

**مىسىر ئاستانىسىنىڭ ئەڭ كور كەم رايونلىرىدىن بىرىدە سانەت مىرۇتتى بار بومبا يېرىلغان.**

ئۇنى مەملىكەتنى ئىسلام دۆ-لىتىگە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قى-لىدىغان فۇندامېنتالىستلار تەش-كىللەشتۇرگەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىسيانكارانە ھەرىكەتلىرى نەتىجە-سىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا 150 ئا-دەم ئولۇپ، 300دىن ئوشۇق ئا-دەم ياريدار بولغان.

* * *

**فرانسىيە موشۇ ژىلنىڭ ئاخىرى-غا قەدەر يادرو سىناقلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن.**

دولەتنىڭ مۇداپىيە مىنىسترى ل. لېوتار شۇنداق دەپ خەۋەر-لەيدۇ. مىنىسترنىڭ تەكىتلىشىچە، فرانسىيە بۇ ھەقتىكى قارارنى ھېچ كىمنىڭ بېسىمىسىز ئوزى قو-بۇل قىلغان.

* * *


**ياپونىيەنىڭ خوككايدو ئارلى-نىڭ يېنىدا كۈچلۈك يەر تەۋرەش سادىر بولدى.**

ئۇنىڭ كۈچى رىختېر شكالى-سى بويىچە 7،8 بالغا يەتكەن. ھازىرنىڭ ئوزىدىلا 36 ئادەمنىڭ جەسىتى تېپىلىپ، 110 ئادەم بې-دەرەك يوقالغانلىقى ئېنىقلانغان.

* * *

**ئىزرائىلنىڭ تېل-ئاۋىۋ ۋىلا-يەتلىك سوتى سابىق كېگەش ئىت-تىپاقىدىن بارغان پېتر پىنخاسىۋ دېگەننى 15 ژىللىق قاماق جازاسى-غا ھوكۇم قىلغان.**

ئۇ كېگەش ئىتتىپاقىدىن «تۇ-رىست» بولۇپ بارغان قىزلارنى پاھىشە ئىرىقىسىدا پايدىلىنىدىغان مەخسۇس پاھىشخانا ئاچقان. پىن-خاسىۋ بىلەن بىللە ھەمشېرىكلىك قىلغان باشقا سەككىز ۋەتەندىشى-مۇ سوتلانغان.



لەلەم باراتوۋانى قارىتورۇق يېزى-سىنىڭ ئاھالىسى بەك ھورمەتلەپ، قەدىر تۇتىدۇ. ئۇ بۇ ھورمەتكە ئو-زىنىڭ شىپا قوللۇق باللار دوختۇرى، خوش مۇئامىلىسى بىلەن ئېرىشكەن.

لەلەم باراتوۋا 1958- ژىلى ئالمۇتا تىببىي ئىنستىتوتىنى تاماملىغاندىن كېيىن چېلەك ناھىيەسى قارىتورۇق يې-زىسىدىكى ئاغرىقخانىغا باللار دوخ-تۇرى بولۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. ما

نا شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ بۇ شەرەپلىك كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

**سۇرەتتە: شىپا قوللۇق دوختۇر لەلەم باراتوۋا.**

**ر. يۇسۇپوۋنىڭ سۇرىتى.**

### مەلىكە ئاننا- قازاقىستاندا

14-ئىيۇل كۇنى چۇشتىن كېيىن ئۇلۇق برىتانىيە دېلېگاتسىيەسىگە يولباشچىلىق قىلىۋاتقان مەلىكە ئاننا ئالىيجاناپلىرى ئالمۇتىغا كەلدى. مە-لىكىنىڭ بۇ سەيرى-دۇنيانىڭ مو-شۇ يېتەكچى مەملىكىتىنىڭ قازاقىس-تانغا نىسبەتەن ئوسۇۋاتقان مەنپە-يەتدارلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ ھې-سابلىنىدۇ. ئۇلۇق برىتانىيە قازاق-ىستان بىلەن سودا-سانائەت، ئىلمىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلارنى ئاكتىۋ تە-رەققىي ئەتكۇزمەكتە.

پايتەخت ئائېروپورتىدا سامول-يوت پەلەمپىيى ئالدىدا ھورمەتلىك مېھماننى رەسمىي شەخسلەر قار-شى ئالدى. مىللىي كىيىم كىيگەن ژىگىتلەر بىلەن قىزلار ئۇنىڭغا گول-لەرنى تەغدىم قىلدى.

شۇ كۇنى كەچقۇرۇنلىقى ئۇنى ۋىتسې-پرېزىدېنت يېرىك ئاسان-بايېۋ قوبۇل قىلدى. بولۇپ ئوتكەن سوھبەتتە ھەر ئىككى تەرەپ مەن-پىيەتدار بولغان مەسىلىلەر قوز-غالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋىتسې-پرېزىدېنت نامىدىن مەلىكە ئالىيجا-ناپلىرى شەرىپىگە زىياپەت بېرىلدى.

(قاز تاگ).

**بۇگۇنكى سانىمىزدا:**

**2- بەت:**
**ئېگىلىكلەردىن خەۋەرلەر.**

* * *

**3- 4- بەت:**
**قومۇل ئىنقىلاۋىغا بېغىشلانغان ئەنجۇمەن.**

* * *

**5- بەت:**
**بىلىم چىرىغىنى ياققانلار.**

* * *

**6-7 - بەت:**
**ئەخمەت ئەپەندى (روماندىن پارچە).**

* * *

**8- بەت:**
**ئاۋستىرالىيە تۇركىستان جەمىيىتى.**

* * *

**9- بەت:**
**ئەدەبىيات سەھىپىسى.**

* * *

**10- بەت:**
**تەمىرنىڭ ھاياتبەخش سادالىرى.**

* * *

**11- بەت:**
**سپىد- خەتەرلىك ئاغرىق.**

**12- بەت:**
**ناخشا- موزىكا بايرىمى. بېجىندا دالىي- لامىنىڭ ئاكىسى مەخپىي موزاكىرىلەرنى ژۇرگۈزمەكتە.**

### پايدىلىق مۇناسىۋەتلەر

بۇگۇنكى ئىختىسادىي ۋە ئىجتىما-ئىي ساھالاردا قېلىپلاشقان ئېغىر ۋەز-يەتنى يېڭىكلىتىشكە ھەمدە بوھراندىن چىقىشقا قارىتىلغان چارە- تەدبىرلەر-نى ھەر بىر ئەمگەك كوللېكتىۋىدا ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ، چېگارا ناھىيەلەرنىڭ خوشنا دولەتلەر، ئۇلار-نىڭ تۇرلۇك فىرمىلىرى بىلەن ئوز ئا-را ھەمكارلىقنى كەڭەيتىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىش كېرەك. بۇ جەھەتتىن پايتەخت ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر ناھىيە-سىمۇ بىر قاتار چارە- تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ناھىيە بۇ-گۇنكى كۇنلەردە جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بەزى بىر ۋىلايەتلىرى، ھەمدوستلۇق ۋە خارىجىي ئەللەر بىلەن قويۇق ئا-لاقە باغلاپ، شەرتنامىلارنى تۇزۇۋا-تىدۇ. شەرتنامىلارنىڭ ئورۇنلىنىشى ئىجتىمائىي ۋە ئىختىسادىي ئەھۋالنى خېلە ياخشىلاشقا ئىجابىي تەسىر قى-لىۋاتىدۇ.

بولۇپمۇ، ناھىيەنىڭ شىنجاڭ- ئۇي-غۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ چاپچال نا-ھىيەسى بىلەن تۇزۇلگەن ئۇزاق مۇد-دەتلىك شەرتنامە توغرىلىق ئەينە شۇنداق دېيىش مۇمكىن. ھۆججەتتە ھەممە ساھالار بىلەن دېلېگاتسىيەلەر ئالماشتۇرۇش، ئىختىسادىي ئالاقىنى جانلاندۇرۇش، بىرلەشكەن كارخانىلار-نى قۇرۇش ۋە باشقىمۇ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق چارىلەر كوزدە تۇتۇلغان.

ھازىر ناھىيەدە مەزكۇر شەرتنامە قائىدىلىرىنى ئورۇنلاشقا جىددىي ئې-تىۋار بېرىلمەكتە.

**ن. زائىروۋا.**
**ئۇيغۇر ناھىيەسى.**

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روھىڭ سامان بولماس

1993-يىل
24-ئىيۇل
شەنبە
№29
(3683)
ئەركىن باھا

# يېڭى ھايات

Жаңа өмір

گېزىت 1970-يىلى 1-يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى

ھەپتىلىك گېزىت

بوستان سەھىپىلىرىدە:

1-بەت.
قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ توختامى
2-بەت
سودىنىڭ ساھىبى ئۇرغۇن
3-4-بەتلەر
ئۇنتۇلماس كۈنلەر
5-بەت
ئۇتلۇق جەڭلەر شاھىدى
6-7-بەتلەر
ئەخمەت ئەپەندى
(روماندىن پارچە)
8-بەت
سەلجۇقلار كىملەر؟
10-بەت
ئالمىلىق شەھىرى توغرىسىدا
11-بەت
«ئازىيا دائۇسى-93»
12-بەت
ئالەمنىڭ غەيرىي ماددىي قاتلىمى.



نۇرانە ئانىلار بار يەردە-بەرىكەت بار.

د. يۇسۇپوۋنىڭ سۈرىتى.

## قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ توختامى

### جۇمھۇرىيەت ۋاليۇتا فوندىنى دۆلەت تەرىپىدىن تەڭشەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىلىق

جۇمھۇرىيەت ۋاليۇتا فوندىنىڭ تولۇق كۆلەمدە شەكىللىنىشىنى تەمىنلەش، تاشقى قەرزنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلەش، ئالتۇن زاپاسىنى ۋە ئالماز فوندىنى پايدىلىنىش ئۈستىدىن نازارەتنى كۈچەيتىش، قىممەت باھالىق مېتالل ھەم قىممەت باھالىق تاشلارنى سېتىشتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ تولۇق چۈشۈشى مەخسىتىدە **توختام قىلىمەن:**

1. قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىگە ۋە ئىختىسات مىنىستىرلىكىگە جۇمھۇرىيەت ۋاليۇتا فوندىنىڭ مەبلىغىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇنى پايدىلىنىش يۆنىلىشلىرىنى بەلگۈلەش ۋەزىپىلىرى يۈكلەنسۇن. جۇمھۇرىيەت ۋاليۇتا فوندىنىڭ مەبلىغىنى مەخسەتچانلىق پايدىلىنىش ئۈستىدىن نازارەت قىلىش قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىگە يۈكلەنسۇن.

2. چەت ئەللىك ئىنۋېستورلىرىدىن ئېلىنىۋاتقان بونۇس ۋە روياتىنىڭ بارلىق مىقدارىنىڭ، شۇنداقلا مەخسۇس ۋاليۇتا ھېساپچوتىنى ئاچىرتىش بىلەن قىممەت باھالىق مېتالل ھەم قىممەت باھالىق تاشلارنى سېتىشتىن چۈشكەن ۋاليۇتا پايدىسىنىڭ بارلىق مىقدارىنىڭ جۇمھۇرىيەت ۋاليۇتا فوندىنىڭ كىرىمىگە مەجبۇرىي كىرگۈزۈشى بەلگۈلەنسۇن.

3. قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىگە قازاقستان جۇمھۇرىيىتى نامىدىكى قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئېلىۋاتقان تاشقى زايوملار توغرىلىق كېلىشىملەرنى ۋە زايومشىكلار قازاقستان جۇمھۇرىيىتىدىن قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي كېڭىشى تەستىقلىغەن دائىرىدە ئېلىۋاتقان تاشقى زايوملارغا بولغان كاپالەتلەرنى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى زايوملارغا بولغان كاپالەتلەر لىمىتىنى ۋە تاشقى قەرز لىمىتىنى ئىمزالاش ھوقۇقى يۈكلەنسۇن.

4. جەلىپ قىلىنىۋاتقان چەت ئەل كرېدىتلىرىنىڭ كۆلەمىنى ئاساسلىق ئېنىقلاش، شۇنداقلا دۆلەت بيۇدجېتى تەركىۋىدە تاشقى قەرزنى تۆلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاليۇتا مەبلىغىنىڭ كۆلەمىنى تەخمىن قىلىش مەخسەتلىرىدە مىنىستىرلىكلەرنىڭ، ئىدارىلەرنىڭ، مىللىي شىركەتلەرنىڭ، دۆلەت كونسېرنلىرى ۋە كورپوراتسىيەلەرنىڭ، كوممېرتسىيەلىك بانكىلارنىڭ، يەرلىك مەمۇرىيەتلەرنىڭ، دۆلەت باشقۇرۇشىنىڭ باشقا ئورگانلىرىنىڭ، كارخانىلار بىلەن تەشكىلاتلارنىڭ قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىگە ۋە قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىختىسات مىنىستىرلىكىگە تاشقى زايوملار (چەت ئەل كرېدىتلىرى) بويىچە كېلىشىملەر توغرىلىق ئەخباراتنى مەجبۇرىي بېرىپ تۇرۇشى بەلگۈلەنسۇن.

5. قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي بانكىسى:

پايدا ھېساۋىغا قىممەت باھالىق مېتالل ھەم قىممەت باھالىق تاشلارنى سېتىۋېلىشقا، ساقلاشقا ۋە سېتىشقا باغلىق بارلىق چىقىملارنى يېپىش روبىل ھېساۋىدا زۇرگۇزۇلگەن ۋە قىممەت باھالىق تاشلار، قىممەت باھالىق مېتاللارنى توشۇشقا، ئەۋەتىشكە، خۇۋۇپسىزلاندۇرۇشقا ھەم ئىنكاساتسىيەلەشكە باغلىق بارلىق خىراجەتلەرنى تۆلەش ئۈچۈن مەخسۇس فوند قۇرسۇن؛

ھەر ئايدا قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىگە قىممەت باھالىق مېتالل ھەم قىممەت باھالىق تاشلار قالدۇغىنىڭ مىقدارى، ئۇلارنى سېتىشتىن چۈشكەن پايدا كۆلەمى توغرىلىق ئەخبارات بەرسۇن؛

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن مىللىي بانكىنىڭ خۇۋۇپسىزلاندۇرۇش، توشۇش، ساموليوت ياللاش ۋە قىممەت باھالىق مېتالل ھەم قىممەت باھالىق تاشلارنى چەت ئەلگە ئەۋەتىشكە باغلىق باشقا خىراجەتلەر بويىچە ۋاليۇتا چىقىمىنى چىقىرىپ، قىممەت باھالىق مېتالل ۋە قىممەت باھالىق تاشلارنى سېتىشتىن چۈشكەن پايدىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك ۋاليۇتا فوندىغا ئەۋەتىلىشى تەمىنلەنسۇن.

**قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى**

**ن. نازارباييۇ.**

ئالمۇتا، 1993-يىل، 20-ئىيۇل.

## ئوچۇر ئۇچقۇنلىرى

**قىرغىزستان جۇمھۇرىيىتى** ئاھالىسىنىڭ جان سانىغا سېلىشتۇرغاندا ئالىي بىلىم دەرگاھلىرىنىڭ كۆپلىگى جەھەتتىن ھازىر دۇنيادا بىرىنچى ئورۇنغا چىققان.

* * *

**«50 پىلنىڭ سۆيگىنى قانۇنسىز ھالدا ئېگەللىگىنى ئۈچۈن»** ئافرىكىدا تانزانىيەلىك بىر ۋە روسسىيەلىك 4 كىشى قاماققا ئېلىنغان.

* * *

**خىتاي ئىرانغا قۇۋۋىتى 300 مېگاۋاتلىق ئىككى رېئاكتور سېتىپ، ئۇنىڭ دەسلەپكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ.**

بۇ توغرىدا تېھراندا خخج دۆلەت كېڭىشى باش مىنىسترىنىڭ مۇئاۋىنى لى لەن شىن خەۋەرلىگەن. «رېئاكتور پەقەت تىنچ مەخسەتلەردىلا ئىشلىتىلىدۇ»، دېگەن ئۇ.

* * *

**خىتاي** ئۆتكەن ھەپتىنىڭ ئىچىدە ناركوتىكلار بىلەن سوداسېتىق قىلىدىغان 100 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەن.

* * *

**جەنەۋەگە دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن يۈزدىن ئوشۇق ئاز سانلىق خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرى توپلاندى.**

بۇ شەھەردە ئاز سانلىق (كىچىك) خەلقلەر ۋەكىللىرىنىڭ مەخسۇس سېسسىيەسى ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇلار مەزكۇر مىللەت ۋە ئېلەتلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى قاتتىق ھىمايە قىلىنىۋاتقانلىقى مەسىلىرىنى تەلقىن قىلىشىدۇ.

* * *

**ماكېدونىيە بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرى بويىچە تەشكىلاتى (يۇنېسكو)غا 175-ئەزاسى تېرىقىسىدە كىردى.**

بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ماكېدونىيەنىڭ ۋەكىلى لوندوندا يۇنېسكونىڭ نىزامنامىسىگە ئىمزا چەكتى.

* * *

**يىل بېشىدىن بۇيان سابىق س س س ردىن 40مىڭ يەھۇدىي ئىزرائىلغا كەتكەن.**

ئۆتكەن يىلنىڭ موشۇ دەۋرىگە سېلىشتۇرغاندا بۇ 15 پروتسېنت ئوشۇق. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەزەربەيجان، تاجىكىستان ۋە گرۇزىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدىن.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويۇڭ سامان بولماس

# يېڭى ھايات

Жаңа өмир

1993
-يىل
31-ئىيۇل
شەنبە
№30
(3684)
ئەركىن باھا

گېزىت 1970 - يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىيا «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ قوشۇمچىسى ھەپتىلىك گېزىت

## ر. خاسبۇلاتوۋ ئاخچا ئالماشتۇرۇشنى رەت قىلىش تەرەپدارى

موسكۋا. 26-ئىيۇل كۈنى روسسيەنىڭ كېچەشلەر ئۆيىدە رۇسلان خاسبۇلاتوۋ ئىمزالىغان بىلدۈرۈش تارقىتىلدى. ئۇ بىلدۈرۈشتە «مەركىزىي بانك ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان ئاخچا بەلگۈلىرىنى ئالماشتۇرۇش بويىچە چارە-تەدبىر روسسىيە فېدېراتسىيەسى ئالىي كېڭەشمىسى بىلەن كېلىشىلمىگەنلىگىنى» تەستىقلەيدۇ.

پارلامېنت رەئىسى ئاخچا بەلگۈلىرىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ بەلگۈلەنگەن قائىدىسى مۇسادىرە قىلىش چارىسى، ئىنسان ھوقۇقىغا خىلاپلىق قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋە «بۇ چارە-تەدبىرنى ئالىي كېڭەش قوللاپ-قۇۋۋەتلىيەلمەيدۇ»، دەپ تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، «مەزكۇر چارە-تەدبىر مەملىكەتتىكى ۋەزىيەتنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. بىلدۈرۈشتە «ئالىي كېڭەش ئاخچا بەلگۈلىرىنى ئالماشتۇرۇشتا بارلىق چەكلەشلەرنى دەرھال رەت قىلىش ھاجەت، دەپ ھېساپلايدۇ»، دېيىلگەن. ئەكسىچە بولغان ئەھۋالدا، ئالىي كېڭەش سېسسىيەسى دەرھال چاقىرتىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق قارارلار قوبۇل قىلىنىدۇ، شۇنداقلا موشۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ چارە-تەدبىرلەرنى تەييارلاشتا ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئەيىپكارلار لاۋازىمدىن بوشىتىۋېتىلىدۇ، دەپ تەكىتلىنىدۇ.

رۇسلان خاسبۇلاتوۋ-روسسىيە پۇخرالىرىغا مۇراجەت قىلىپ، «خاتىرجەملىك ساقلاشقا» چاقىردى ۋە «ئۇلارنىڭ مەنپىيەتلىرى روسسىيە فېدېراتسىيەسى ئالىي كېڭەشى تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدىغانلىغىغا» ئىشەندۈردى.

(ئىتار-تاس).



ژۇرەككە ئوتنى ياقار جانانمۇ سەن،
لاتاپەت ھۆسنىدە بىر جاھانمۇ سەن.
قاشلىرى قەلەم، كۆزى چولپانمۇ سەن،
چاچلىرى سۇمبۇل، ياقۇت، مارجانمۇ سەن؟

## قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مەختى بىر

28-ئىيۇل كۈنى چۈشتە ئۆزبەكستان پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموۋ قىسقا ۋاقىتلىق ئىش ساپىرى بىلەن ئالمۇتىغا كەلدى.

پايتەخت ئايروپورتىدا خوشنا دولەت باشلىغىنى ۋە ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇۋاتقان شەخسلەرنى پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ، باش مىنىستىرنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى سېرگېي كۇلاگىن، پرېزىدېنت ۋە مىنىستىرلار كابىنېتى ئاپپاراتىنىڭ رەھبىرى نۇرتاي ئەبىقايېۋ، ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى ئاخمېتجان ئېسىموۋ قارشى ئالدى.

شۇ كۈنى پرېزىدېنتلار ئۆز ئارا ئۇزاق سوھبەتلەشتى. ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىگە تەئەللۇق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئاشقىرى ئۇلار مۇددەتدا قېلىپلاشقان ۋەزىيەت توغرىلىق پىكىر ئېلىشتى ۋە ھەمدوستلۇق دولەتلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا مۇراجەت قوبۇل قىلدى.

ئاندىن كېيىن پرېزىدېنتلار باشقۇرۇۋاتقان رەسمىي دېلېگاتسىيەلەر مۇزاكىرىلىرى ئوتكۈزۈلدى.

مۇزاكىرىلەردە ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن ۋە ژىراق ئىستىقبالغا بېغىشلانغان ئىختىسادىي ئىستىقبال توغرىلىق سوز بولدى. شۇنداقلا كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مەسىلىلەر، جۈملىدىن، باھا سىياسىتىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، باجخانا مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە كەلتۈرۈش مەسىلىلىرى قارالدى.

ئۇمۇمىي تارىخىي تومۇرلارغا ۋە ئەنئەنىلەرگە ئىگە قازاقستان ھەم ئوزبەكستان خەلقلىرىنى تېخىمۇ قويۇق يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەرنىڭ بارلىگى تەكىتلەندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن جۇمھۇرىيەتنىڭ خەلق ئېگىلىگىنى كوتىرىش، يېڭى ئىختىساتنى قورۇش ئىشىدا بىر-بىرىنىڭ ئىجابىي تەجرىبىسىنى ئوزلەشتۈرۈش، ئىجادىي كوللېكتىۋلار ئاالاقىلىرىنى كەڭ تەرەققىي ئەتكۈزۈش كېرەك.

قازاقستان باش مىنىسترى سېرگېي تېرېشچېنكو، ئوزبەكستان باش مىنىستىرىنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى ئىسمايىل جورەبېكوۋ، جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىر قاتار مىنىستىرلىكلىرى بىلەن ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان مۇزاكىرىلەر يەكۇنلىرى بويىچە كېلىشىلگەن ئىككى تەرەپلىمە ھوججەتلەرنى ئىمزالاشقا تەييارلاش قارارى قوبۇل قىلىندى.

چۈشتىن كېيىن نۇرسۇلتان نازاربايېۋ بىلەن ئىسلام كەرىموۋ پايتەخت ۋىلايىتىنىڭ ئالغىر ناھىيەسىنى زىيارەت قىلدى. بۇ يەردە، «پانفىلوۋسكىي» سوۋخوزىدا، ئىلقا زاۋودىنىڭ ئىشى بىلەن تونۇشتى، «ئالمۇتا» كولخوزىنىڭ گوللاندىيە تېخنولوگىيەسىنى قوللىنىلۋاتقان، يالغۇز ئېتىزلىقلىرىدا بولدى.

(قاز تاگ).

### ئۇچۇر ئۇچقۇنلىرى

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى سۇلېيمان دېمىرېل جاناپلىرى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىختىسادىيەت مىنىستىرى، بېيسېنباي ئىزتىلېۋوۋنى قوبۇل قىلدى.

ئىككى مەملىكەتنىڭ ئىختىسادىي مۇناسىۋەتلىرى توغرىلىق مۇھاكىمە بولدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتىكى ياۋروپانىڭ رىۋاجلانغان مەملىكەتلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان تۈركىيەنىڭ باي تەجرىبىسى ھەققىدە ۋە ئۇنىڭ مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن قازاقستان ئىختىسادىنىڭ كېلەچىگى مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتتى ئوتتەدە سوھبەتلىشىلدى.

* * *

تەيۋەننىڭ ئىختىسادىيەت مىنىسترلىگى خارىجىي ئەللەر بىلەن ئىختىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى فوندى لاتۋىيەگە 6 مىللىون دوللار بېرىشنى قارار قىلدى.

بۇ مەبلەغ رىگا شەھىرىدىكى خەلق ئارا ئايروپورتنى ئەكسىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەرپلىنىدۇ.

* * *

- ئافغانىستان- تاجىكستان چېگارىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تەركىۋىدە 500 ئەسكەر بار قىرغىز باتالونى ئېتىلدى.

باتالون شەرتنامىغا ئاساسەن ئېلىنغان پىدائىيلاردىن ئىبارەت. جەڭچىلەرگە مائاشنىڭ 75 پروتسېنتى قىرغىزستان سومى بىلەن، 25 پروتسېنتى روسسىيە پۇلى بىلەن تولىنىدۇ.

* * *

دۇنياۋىي ئولىمپىادا كومىتېتى 2000- يىللىق ئولىمپىادا ئويۇنلىرىنى، ھەر خىل ئەنجۇمەنلەر بىلەن كاتتا خەلق ئارالىق ژىغىنلارنى ئىستامبۇل شەھىرىدە ئوتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركىيە ھوكۈمىتى خارىجىي ئەللەردە ژۇرۇۋاتقان ئاتاقلىق مەشقاۋۇل ۋە سپورتچىلىرىنى ۋەتەنگە قايتىشقا دەۋەت قىلماقتا.

* * *

گرۇزىيە ئابخازىيەدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇشقا ھەر كۈنى 50 مىللىون سوم خىراجەت قىلىۋاتىدۇ.

بۇ ھەقتە جۇمھۇرىيەت پارلامېنتىدا باش- مىنىستىر تېڭىز سىگۇئا خەۋەر قىلدى. «ئۇرۇشنى توختىتىش بىلەنلا ھازىرقى ئىختىسادىي-ئىجتىمائىي بۇھراندىن قۇتۇلۇشقا بولىدۇ» دېدى ئۇ.

### بۈگۈنكى سانىمىزدا:

1 - بەت
ر. خاسبۇلاتوۋ ئاخچا ئالماشتۇرۇشنى رەت قىلىش تەرەپدارى
قېرىنداش خەلقلەرنىڭ مەختى بىر
2 - بەت
قىسقا خەۋەرلەر
3 - بەت
ئىختىسادىي ساۋاق
ياپونىيە مېنېژمېنتى
4- بەت
تارىخىمىزنىڭ سايلىغىنى قوغداپ قالايلى
«ئازۇگوم» فىلمى ھەققىدە ئويلار
6-7-8- بەتلەردە
ئەخمەت ئەپەندى
(روماندىن پارچە)
9 - بەت
يېڭى شېئىرلار
10- بەت
ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى
11- بەت
سۇرەتلەردىكى ھاياتىي سىرلار
12- بەت
فىزىكىلىق شەكىل ۋە ئالەم جىنائىي ئىشلار خەۋەرلىرى.

